# پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تەبۇك ئۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەندە كىشىلەر ئۇنى كۈتۈۋېلىشتى، مەنمۇ ئۇنى كىچىك باللار بىلەن سەنىييەتۇل ۋەدا دېگەن يەردە كۈتۈۋالدىم

سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تەبۇك ئۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەندە كىشىلەر ئۇنى كۈتۈۋېلىشتى، مەنمۇ ئۇنى كىچىك باللار بىلەن سەنىييەتۇل ۋەدا دېگەن يەردە كۈتۈۋالدىم. ئىمام بۇخارى رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى كۈتىۋالغىلى كىچىك باللار بىلەن سەنىييەتۇل ۋەدا دېگەن يەرگە باردۇق

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تەبۇك ئۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەن ۋاقىتىدا كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە (ئۆزۈرلۈك ياكى ئۆزۈرسىز تەبۇك ئۇرۇشىغا چىقمىغان كىشىلەر بىلەن) پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن سەنىييەتۇل ۋەدا دېگەن يەرگىچە چىققانلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ. سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ مەدىنىدىكى كىچىك باللار بىلەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى كۈتىۋېلىشقا چىققان

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/3696

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee